# 110144 ـ پاي چېكنگە مەبلەغ سالغان مالنىڭ زاكىتىنى قانداق ئايرىيدۇ؟

**سۇئال**

مېنىڭ مەلۇم مىقداردا مېلىم بولۇپ ئۇنى بانكىنىڭ پايچېكى سودىسىغا مەبلەغ سالغان ئىدىم، مۇشۇ مالدا ماڭا زاكات كېلەمدۇ؟، بۇ مالدا بېكىتىلگەن زاكاتنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولىدۇ؟، زاكات مالنىڭ ھەممىسىگە كېلەمدۇ ياكى ئالغان پايدىغا كېلەمدۇ؟ بىلىشىمچە، مېنىڭ پاي چېكى ئىشىمغا ئىگە بولغان تەرەپتىن ئېرىشكەن ھەر بىر پېرىۋۇتتا يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت ھەق بېرىمەن، ئۇنى زاكات دېگەن ئاساستا، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنى زاكات ئورۇنلىرىغا بېرەمدۇ ياكى بەرمەمدۇ بۇنى بىلمەيمەن، بۇنى ئۆتەش ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئىتتىپاق كەلگەن ئىش؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: پاي چېكىنىڭ زاكىتى ئۇنىڭغا مەبلەغ سالغۇچىنىڭ نىيىتى بويىچە بولىدۇ: شىركەتكە سالغان مەبلەغنى تىجارەت قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس بەلكى پاي چېكىنىڭ يىللىق پايدىسىدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە سالغان بولسا، بۇ كىشىنىڭ سالغان مەبلىغىنىڭ ئەسلىسىگە زاكات كەلمەيدۇ، ئالغان پايدىسىغا زاكات كېلىدۇ، پايدىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ بىر يىل توشقاندا، يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنتتىن زاكات بېرىدۇ.

ئەمما مەبلەغ سالغۇچى پاي چېكىنى سېتىۋېلىپ تىجارەت قىلىش مەقسىتىدە سالغان بولسا، بۇنىڭغا تىجارەت ماللىرىغا ئوخشاش زاكات بېرىدۇ، زاكات بېرىدىغان ۋاقىت كەلگەندە ئۇ پاي چېكى قولىدا بولسا، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىممىتى بويىچە ھېسابلاپ، ئومۇمى قىممىتى ۋە پايدا ئالغان بولسا پايدىسىنى قېتىپ يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنتتىن زاكات بېرىدۇ". ["ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسى ژۇرنىلى" 1-توم 879-بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى].

ئىككىنچى: ئەگەر پەقەت پايدا ئېلىش مەقسىتىدە مەبلەغ سالغان بولسىڭىز، زاكات نىيىتى بىلەن پايدىدىن يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنتتىن چىقىرىسىز، ئۇنى سىزگە ۋاكالىتەن تارقىتىپ بېرىدىغان ئورۇنلارغا بېرىش بۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ، لېكىن مۇشۇ ئورۇننىڭ زاكاتنى ئۆز ئورنىغا بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىش كېرەك، بولسا مالغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ زاكاتنى ئۆزىڭىز بەرسىڭىز ياخشى بولىدۇ، ئەمما پاي چېكىگە تىجارەت نىيىتى بىلەن مەبلەغ سالغان بولسىڭىز، يىل توشقاندا ئۇنىڭ چوقۇم شۇ ۋاقىتتىكى بازار باھاسى بويىچە ھېسابلاپ، ئۇنىڭ قىممىتىدىن يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنتتىن زاكات ئايرىسىز. ھەممىدىن

توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.